«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، جەزمەن خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەزمەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، جەزمەن دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، قانۇننى يولغا قويۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، نازارەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى لايىھەلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، جەزمەن تارىخ ۋە رېئاللىق، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت، شەكىل ۋە مەزمۇننىڭ ئورگانىك بىرلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىر چەت ئەلنىڭ سىياسىي مەدەنىيلىكىدىكى پايدىلىق نەتىجىلەرنى ئۆرنەك قىلىشقا ئېھتىياجلىق، لېكىن جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىكى ئاساستىن قەتئىي ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشقا بولىدىغانلىقى، ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى سەۋەب، دەل ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىدە. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈم ئىلگىرى ۋە ھازىر ئىزچىل جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، كەلگۈسىدە داۋاملىق ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى كېرەك، شۇنداقلا جەزمەن جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنىڭ دېموكراتىك بولغان - بولمىغانلىقى، ئۈنۈملۈك بولغان - بولمىغانلىقىغا باھا بېرىشتە، ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ قانۇن بويىچە تەرتىپلىك ئالماشقان - ئالماشمىغانلىقى، بارلىق خەلقنىڭ قانۇن بويىچە دۆلەت ئىشلىرى ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرالىغان - باشقۇرالمىغانلىقى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرالىغان - باشقۇرالمىغانلىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى راۋان ئىپادىلىيەلىگەن - ئىپادىلىيەلمىگەنلىكى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا ئۈنۈملۈك قاتنىشالىغان - قاتنىشالمىغانلىقى، دۆلەت تەدبىرىنىڭ ئىلمىيلىشىش، دېموكراتىيەلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرالىغان - ئاشۇرالمىغانلىقى، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسىغا باراۋەر رىقابەتلىشىش ئارقىلىق كىرەلىگەن - كىرەلمىگەنلىكى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە دۆلەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرالىغان - ئاشۇرالمىغانلىقى، ھوقۇقنى ئىشلىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چەكلەنگەن - چەكلەنمىگەنلىكى ۋە نازارەت قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئۇزاق مۇددەت تىرىشىش ئارقىلىق، بىز بۇ نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردۇق. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيەسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئاساسىي قاتلام ئامما ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇلار روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىشتا، ئالدى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمگە بولغان ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاچقۇچ ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە تاشلاش ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىشتە. سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، تەرتىپلەشتۈرۈشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشى، ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇكەممەل تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

1960 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ داشۆسىنىڭ سىياسىي مائارىپ شىسى سىياسىي مائارىپ كەسپىدە ئوقۇغان، 1965 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ داشۆسى سىياسىي مائارىپ شىسى پارتىيە تارىخى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 1975 - يىلى 11 - ئايدا مىچۈەن ناھىيەسىدە مائارىپقا ياردەم بەرگەن، 1977 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى، شىنجاڭ داشۆسى سىياسىي مائارىپ شىسى پارتىيە تارىخى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 1984 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ داشۆ پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان، 1986 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ داشۆ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، 1988 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ داشۆ پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان، 1993 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ باش كاتىپى بولغان، 1996 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 2001 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 2009 - يىلى 6 - ئايدا پېنسىيەگە چىققان.

يولداش ۋاڭ خۈەيىۇ سىياسىيدا قەتئىي، پارتىيەگە سادىق بولۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىغان. بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيە ساپاسىغا ئىگە بولۇپ، يازغان كۆپ قىسىم نەزەرىيەۋى ماقالىلىرى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ھەم «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى بايانلىرىدىن ئومۇمىي تېزىس» قاتارلىق ئۈچ پارچە مەخسۇس ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇزاق مۇددەت مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالىي مەكتەپ، پارتكوم ئورگىنى، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى قاتارلىق كۆپ ئورۇندا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىسى مول، تەشكىللەش رەھبەرلىك ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك. پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قەتئىي ھالدا قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش، قانۇن چىقىرىش نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ئورگان قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەن. رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلىرىغا ئىلگىرىدىكىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقان.

ئالدىنقى سەككىز ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالدىنقى سەككىز ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى پۇختا ئالغا سىلجىتىلغان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن 62 مىڭ 247 ئادەم تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپە 155.6% ئورۇندالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 117 مىڭ 300 ئادەم بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ 27.32%نى ئىگىلىگەن.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز تۈرلۈك ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يۆلەش سىياسەتلىرىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ياخشى ئىگىلىك تىكلەش كەيپىياتى ياراتتى. ئالدىنقى سەككىز ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىگىلىك تىكلىگەنلەر 58 مىڭ 600 ئادەم بولۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپە 195.3% ئورۇندالغان؛ 115 مىڭ 100 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپە 127.9% ئورۇندالغان.

3 - كەسىپنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچىيىپ، سىجىل ھالدا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىدىغان ئاساسىي كۈچكە ئايلانغان. ئالدىنقى سەككىز ئايدا شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئىچىدە 296 مىڭ 100 ئادەم 3 - كەسىپتە ئىشقا ئورۇنلاشقان بولۇپ، شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ 68.97%نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ساياھەت كەسپىدە «يەتتە بىر تۈركۈم» يولى ئارقىلىق يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 42 مىڭ ئادەم بولۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپە 104.99% ئورۇندالغان. بۇ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ئېلىپ كەلگەن پايدىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلگەنلىكىدىن، ساياھەت كەسپى تەرەققىياتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەمگەكچىلەرنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. ئالدىنقى سەككىز ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا تۈرلۈك كەسپىي تەربىيەلەشتىن 871 مىڭ 200 ئادەم قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپە 79.20% ئورۇندالغان. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 490 مىڭ 700 ئادەم قېتىم تەربىيەلىنىپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپە 138.74% ئورۇندالغان؛ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 181 مىڭ 300 ئادەم قېتىم تەربىيەلىنىپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپە 194.08% ئورۇندالغان. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئىچىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 283 مىڭ 600 ئادەم بولۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار سانىنىڭ 66.06%نى ئىگىلىگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىلى» پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، مۇلازىمەت كاپالىتى قاتارلىق جەھەتلەردە سىجىل كۈچەپ، شەھەر - يېزىلاردىكى ئاممىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشى، سىجىل ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئۇزاق مۇددەت ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمگەك ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدىكەن.

دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ «شىنجاڭ كۈنى» بۈگۈن باشلىنىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، «شىنجاڭ كۈنى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. كىشىلەر قويۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنلىرىنى كۆرەلەيدۇ، ئارقىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەززىلىك تائاملارنى تېتىش، باھالاش يىغىنىدا، ساياھەتچىلەر قانغۇچە ھۇزۇرلىنىپ، شىنجاڭنىڭ مەززىلىك تائاملىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تولۇق ھېس قىلالايدۇ.

«شىنجاڭ كۈنى» مەزگىلىدە، ئايرىم - ئايرىم ھالدا «خاس باغ - ئورمانچىلىقنى تونۇشتۇرۇش ھەم كارخانىلارنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يەرمەنكىسى» ۋە «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - ساياھىتىنى مەخسۇس تونۇشتۇرۇش يىغىنى» ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ خاس باغ - ئورمانچىلىق كەسپ سىياسىتى ھەم تۈرى، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت بايلىقى، ساياھەت - مەدەنىيەت ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن مەخسۇس تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

«شىنجاڭ كۈنى» ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان سۇپا ھازىرلاپ بەردى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، خوتەن ۋىلايىتى تەرتىپ بويىچە مەخسۇس تونۇشتۇرۇش ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاقسۇ ۋىلايىتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان شەھىرى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە مەخسۇس تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەلگىلىمىسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەلگىلىمىسى» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2012 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بېسىپ تارقاتقان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش نىزامى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى» پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. يېڭى ۋەزىيەت، ۋەزىپە ۋە تەلەپكە ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇلارغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى تۈپ مىزان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىچىدە پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. «نىزام»نى تۈپ مىزان قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈزۈم جەھەتتىكى «تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات»نى ياخشى قىلىپ، تۈزۈمنىڭ ئومۇمىي گەۋدە ئۈنۈم ئېففېكتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. «ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، نىزام - ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ئەنگە ئېلىش، ئەنگە ئېلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن تەكشۈرۈش، خاتالىق كۆرۈلگەنلىرىنى جەزمەن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى ۋە پارتىيە سىياسەتلىرىنىڭ بىرلىكلىكى، نوپۇزلۇقلۇقىنى قوغداش كېرەك. «ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەلگىلىمىسى»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن نىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى مۇھىم ئەھۋاللار ۋە تەكلىپلەرنى ۋاقتىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى كېرەك.

پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن چىقىش قىلىپ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى پىلانلاپ ۋە ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، بىرقەدەر پىشقان، ئومۇميۈزلۈك ماس كېلىدىغان تەجرىبىلەرنىڭ جەۋھىرىنى تاللاپ، ۋاقتىدا تۈزۈم، بەلگىلىمىگە ئايلاندۇرۇپ، مۇناسىپ تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتا ساقلانغان بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۆزلەپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە تۈزۈم قەپىسىنى پۇختا، زىچ توقۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتى، پائالىيىتى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى سىستېمىلىق ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. تۈزۈم جەھەتتىكى «تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات»نى ياخشى قىلىپ، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمىنى چىقىرىش، تۈزىتىش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغان چاغدا، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنىڭ نوپۇزىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن تۈزۈم ئىجراسىنى ياخشى تۇتۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا نىزامغا ھۆرمەت قىلىشى، نىزامنى ئۆگىنىشى، نىزامغا رىئايە قىلىشى، نىزامنى قوللىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى بويىچە پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، ھەم پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە نىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، ھەم ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا ئۈلگىلىك رىئايە قىلىپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلى ئارقىلىق تۈرلۈك ئىشلار ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان يېتەكچىلىك ۋە كاپالەتلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە نىزامى، پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ دۆلەت قانۇنىدىن قاتتىق بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزامى بىلەن دۆلەت قانۇنىنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلىشى، ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئۆزئارا ياخشى ماسلىشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى)